باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، جى جىڭ، ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ خۇلاسە سۆزى قىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ بۇرچ - ۋەزىپىسى، تەپەككۇر يۆنىلىشى، تۈپ تەلىپىنى چوڭقۇر بايان قىلدى، بۇ، يېڭى دەۋردە جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تىنچ - ئامان شىنجاڭ، ئىناق شىنجاڭ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش مۇساپىسىدە ئوينىغان مۇھىم رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى ئورۇن بېكىتىشىنى چوڭقۇر تونۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىنىڭ، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ساقچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، كەسپلىشىش، كەسپىيلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي خەۋپسىزلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىپ، قەتئىي ھالدا سىياسىي خەۋپسىزلىكنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي - ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم سىياسىي ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى كېرەك. باش ۋەزىپىنى ئىگىلەپ، سىياسىي خەۋپسىزلىكنى قەتئىي قوغداش كېرەك؛ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ قانۇننى ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ قانۇنچىلىلىشىش سەۋىيەسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىنى ياخشى تاللىشى، كۈچەيتىپ سەپلىشى كېرەك. ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇپ، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، كۈچەپ پولاتتەك غايە - ئېتىقادقا، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىققا، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەتكە، پولاتتەك ئىنتىزامغا، ئىستىلغا ئىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، ساقچىلارغا ئېتىبار بېرىش، غەمخورلۇق قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تۆھپە قوشۇشقا، پائال نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تىپلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، چۈشىنىدىغان، قوللايدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىشى كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، يېڭى دەۋردىكى بۇرچ - ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش، ھەقىقىي تۈردە قانۇننى ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، يۇقىرى ساپالىق، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ يېڭى نەتىجە - ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە، يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى.

بۇ قېتىمقى باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللىي رايونلاردا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق نامايان قىلىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە بارلىققا كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى تىپىك نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، دەۋر ئۈلگىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن قويۇق ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

باھالىنىدىغان، تەقدىرلىنىدىغان نامزاتلارنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى 2014 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان نەمۇنىچىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر بولىدۇ. باھالاشقا قاتنىشىدىغان ئوبيېكتلار جەزمەن ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىدىغان، ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى يۈكسەك دەرىجىدە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىدىغان، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىدىغان، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئالىي ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن شەخس ۋە كوللېكتىپ بولۇشى كېرەك.

بۇ قېتىمقى باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتى تۇنجى قېتىم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۆھپە قوشقان، شەرەپ كەلتۈرگەنلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى يېڭى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇلىدۇ، بۇ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش بولۇپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە يەرلىك بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ. باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتىدە ھەرقايسى جايلار،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

1000 مولۇق لەنشياڭجىي مېھمانلارنى جەلپ قىلدى

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ بەنفاڭگوۋ بازىرىدىكى 1000 مولۇق لەنشياڭجىي پورەكلەپ ئېچىلدى، ساياھەتچىلەر سۆسۈن رەڭلىك گۈل دېڭىزىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. □ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

«شىنجاڭ مېۋە - چېۋە بازىرى» چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسىدا جۇلالاندى

ساياھەتچىلەر تەقلىدىي ھەقىقىي مەنزىرە ئارقىلىق سەھرا مەنزىرىسىنى ھېس قىلالايدىغان بولدى

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭدىكى تۇنجى VR ھەقىقىي مەنزىرە «شىنجاڭ مېۋە - چېۋە بازىرى» شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسىدا جۇلالاندى. «شىنجاڭ مېۋە - چېۋە بازىرى» شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يېڭىدىن بەرپا قىلغان شىنجاڭنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش يېڭى ئەندىزىسى بولۇپ، مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ جانلىق نامايان قىلىدۇ.

«شىنجاڭ مېۋە - چېۋە بازىرى» ئاھالىلەر تۇرالغۇسى ئۆرپ - ئادىتى باش تېما كارىدورى، يېڭى مېۋە - چېۋە رايونى، «ئۆرۈك» بەخت تېز ئاپتوموبىلى مەدەنىيەت باش تېما سارىيى، ئۈزۈم سارىيى، ئالما سارىيى، چىلان سارىيى، قۇرۇق مېۋە - چېۋە رايونى قاتارلىق كۆپ باش تېما رايونلىرىدىن تەركىب تاپقان، ھەربىر رايوندا نەق مەيداندا مەنزىرىسى تەقلىدىي كۆرسىتىلگەن «ئېتىز - ئېرىق بېشى» مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ساياھەتچىلەرنى خۇددى مېۋىلىك باغدا تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە، «ئۆرۈك» بەخت تېز ئاپتوموبىلى مەدەنىيەت باش تېما سارىيىدا، نەق مەيدان مەنزىرىسى تەقلىدىي ئۆرۈك دەرىخى ۋە ئۆرۈك دۆۋىسى، ئەقلىي ئىقتىدار، سىزىمچانلىق بىر گەۋدىلەشكەن ماشىنا، VR ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىدىن ھېس قىلىش، ئۆرۈك چېچىكى، ئۆرۈك دەرىخى، يېڭى ئۆرۈك چىلانغان 48 بوتۇلكا ئەۋرىشكە، قۇرۇتۇلغان 50 پارچە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرگە شىنجاڭ ئۆرۈكىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئاساسى ئەتراپلىق نامايان قىلىنىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار، سېزىمچانلىق بىر گەۋدىلەشكەن ماشىنا ئارقىلىق دۆلەت ئۆرۈك ئۇرۇق پەلازمىسى بايلىق ئامبىرىنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشلۈك خەرىتىسى، شىنجاڭ ئۆرۈكىنىڭ رەقەملىك بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى، ئوخشاش بولمىغان سورتلۇق ئۆرۈكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە مۇۋاپىق پىششىقلاپ ئىشلەش يوللىرى قاتارلىقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ مېۋىچىلىك داتاڭ يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى ياڭ يۇڭشياڭ مۇنداق دېدى: چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسى شىنجاڭغا كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچى ساياھەت قىلىدىغان تۇنجى بېكەت، شىنجاڭنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى نامايان قىلىش، تەشۋىق قىلىش بۇ كۆزنەككە ئېھتىياجلىق. كېيىنكى قەدەمدە، شىركەت داۋاملىق توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى يوللار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك شىنجاڭ مېۋە - چېۋىسىنىڭ «سىرتقا چىقىرىلىش»ىغا ياردەم بېرىدۇ.